# شنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 9 - ئاي

16

چارشەنبە

维吾尔文 9 月16日

新疆日报网: www.xjdaily.com شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25186 - سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنىغا قاتنىشىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى** دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مۇنداق جاكارلىدى: دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەكلىپكە بىنائەن سىن شەكلىدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنىغا قاتنىشىدۇ ھەم مۇھىم سۆز قىلىدۇ.

» 2 - بەتتە

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى «پىكىر» بېسىپ تارقاتتى

## يېڭى دەۋردىكى يۇقىراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

# كۈچلۈك ئامموۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى** 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى نەشر قىلىندىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 18 - سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «كۈچلۈك ئامموۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك» ناملىق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: خەلقنىڭ بىختەرلىكى دۆلەت خەۋپسىزلىكىنىڭ ئۇل تېشى. بىز تۈۋەن چەك تەپەككۇرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەۋپ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، سەھىيە - ساغلاملىق ساھەسىدىكى ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەرنىڭ ھەر ۋاقىت ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. كۈچلۈك ئامموۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئالدىن سىگنال بېرىش، ئاۋاز قوشۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئىقتىدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، مۇداپىئە تورىنى زىچ توقۇپ، ئايرىش تېمىنى مۇستەھكەملىگەن - پۇختىلىغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسى خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش، ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. مەۋقەنى تېخىمۇ دەل جايىغا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىشقا قويۇپ، تۈزۈلمە - مېخانىزمنى راۋانلاشتۇرۇش، فۇنكسىيەلىك ئورنىنى بەلگىلەشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، كەسپىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلاھات سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. مۇقىم بولغان ئامموۋى سەھىيە ئىشلىرى سېلىنمىسى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۇل شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمەت تۈرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى تەسىس قىلىشنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت دەرىجىلىك كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرى ۋە

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

خەلق گېزىتىدە «شۈەنيەن»نىڭ ئىمزالىق ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

## ھەقىقىي ئالتۇن چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا تاۋلىنىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە نەزەر سېلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن، 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى نەشردىن چىقىدىغان خەلق گېزىتىدە «شۈەنيەن»نىڭ «ھەقىقىي ئالتۇن چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا تاۋلىنىدۇ» ناملىق ئىمزالىق ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنداق دېيىلدى: مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاساسىي مەقسەتنى تەكىتلەپ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئۆتكەن سەككىز ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، پارتىيەمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، بىر مەيدان كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش زور جېڭىنى ئېلىپ بېرىپ، بىر مەيدان مىسلىسىز جاپالىق تارىخىي چوڭ سىناقنى باشتىن كەچۈرۈپ، غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ كېسەل بىلەن كۆرەش قىلىش تارىخىدا يەنە بىر باتۇرانە ئۇلۇغ ئىشنى ياراتتى.» چوڭ جەڭگە نەزەر سېلىپ، چوڭ سىناقنى ئەسلىسەك، بىز بىر سىياسىي پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك كۈچى، بىر تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىگە نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىش سەۋىيەسىگە ئىگە بولدۇق، قانداق بايراق كۆتۈرۈش، قانداق يولدا مېڭىشقا قارىتا تېخىمۇ مۇستەھكەم ئاڭلىقلىققا ئىگە بولدۇق. بۇ جەڭدە، قىزىل بايراق ھەممە يەردە جەۋلان قىلدى؛ بۇ جەڭدە، پولاتتەك تاۋلاندۇق. قاتمۇقات ئۆتكەللەردىن ھالقىپ ئۆتكەن قەدىمىي مىللەت تۇمەنلىگەن جاپا - مۇشەققەتتە تېخىمۇ قەيسەر بولدى، بوران - چاپقۇنلۇق مۇسابىدە پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەپ يۈرۈش قىلدى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يامان ئەلپازدا كەلگەن يۇقۇم ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئۆزىنى بېغىشلاش مەسئۇلىيەتچانلىقىنى پۇتۇپ چىقىپ، تارىخ ۋە خەلقنىڭ تەكشۈرۈشىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جاۋاب قەغىزىنى تاپشۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ جۇڭگو ناملىق پاراخوتنى يېتەكلەپ دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەيدىغان «رول» ۋە «لەڭگەر» ئىكەنلىكىنى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇدىن قورقماي، بارلىق خىرىس ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى يۆلەنچۈكى، ئۆلچىگۈچى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىدە، «خەلق» خېتى مۇھىم ئورۇندا تۇردى، «خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش» جۇڭگو تۈزۈمىدىكى ئەڭ تۈپ قىممەت يۆنىلىشى، ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىق سىياسىي ئېتىكا.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىز تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئائىت 18 تۈرلۈك تەدبىر چىقاردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېي خۇڭۋېينىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىدىن ئۇقۇشىچە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئىشخانىسى يېقىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتى لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، 18 تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«خىزمەت لايىھەسى»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، يۇقۇمنىڭ تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغكە بولغان تەسىرىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورتى، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش ساقلانما مىقدارى نىشانىنى ئورۇندىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش؛ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، پۇل مۇئامىلە مەددىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش قاتارلىق كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان، كارخانىلارغا ياردەم بېرىدىغان تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىچكى - تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ كارخانىلارغا ياردەم بېرىپ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش سىياسىتىدىن ئوخشاش بەھرىمەن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرى بىلەن يۈزتۇرا ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ مەسىلە ئىنكاس قىلىش ۋە ھەل قىلىش يوللىرىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭ تۆمۈريولى قوش پورت ۋوگزاللىرىنىڭ توشۇش مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى

ئالدىنقى سەككىز ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن يۈك مىقدارى 14 مىليون 100 مىڭ توننىغا يەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋنىڭ** جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھ چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدا، شىنجاڭ تۆمۈريولى ئالاتاۋ، قورغاستىن ئىبارەت ئىككى پورت ۋوگزالىدا چېگرادىن كىرىپ چىقىدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ سانى كۆپەيگەن، ئۆتكۈزۈلگەن مال مىقدارى 14 مىليون 100 مىڭ توننىدىن كۆپرەككە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئاشقان.

ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ چىقىدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 3094 بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.6% ئاشتى؛ پورتتا چېگرادىن كىرگۈزۈلۈپ، چىقىرىلىپ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك ترانسپورت مىقدارى 10 مىليون 104 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر

## يۇقىرى سۈپەتنى چىڭ كۆزلەش يېڭى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش

—— يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى توغرىسىدا ئۇنۇۋېرسال بايان (2)

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىن

ئاقما لىنىيەدە ماشىنا ئادەم تېز سۈرئەتتە مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى، ئىشچى كومپيۇتېر ئېكرانى ئالدىدا ماشىنا ئادەمنى باشقۇرۇۋاتاتتى، ئەقلىي ئوبوروت سىستېمىسى ئاپتوماتىك يەتكۈزۈۋاتاتتى... سانلىق مەلۇمات تورى ئىشلەپچىقىرىشنى كونترول قىلىشتىن مەھسۇلاتنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق دەۋرىيلىكىنى باشقۇرۇشقىچە، جولاڭ شىنجاڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا چەكلىك شىركىتى يېپ ئېگىرىش ماشىنىلىرى ئەقلىي ئىقتىدارلىق زاۋۇتى تۈرى «ئالاقە تورى + ياسىمچىلىق»نىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

بۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق زاۋۇت شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، شۇنداقلا كىشىلەرنى شىنجاڭ ياسىمچىلىقىغا بولغان تېخىمۇ كۆپ ئارزۇ ۋە ئۈمىدكە ئىگە قىلدى.

2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىنى پۇختا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى»نى ياخشى قىلىش، «ئالتە تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەت»نى ياخشى ئىشلەش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولدى.

**باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن بىر ئىلمىي ئىدىيە**

ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، سانائەت ئاساسىي جەڭ مەيدانى، ياسىمچىلىق تۈپ تىرەك.

بۇ يىل 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە، گەرچە يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5.8% ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى ئوتتۇراھال، يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش ئارىلىقىنى ساقلاپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.4 پىرسەنت پويىنت ئۆسۈپ، تاشقى دۇنياغا ئاكتىپ، كۈچلۈك تەرەققىيات سىگنالى تارقاتتى.

ۋەزىيەت قانچە ئالاھىدە بولغانسېرى، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى شۇنچە مۇقىملاشتۇرۇپ، كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

شىنجاڭدا، ئەنئەنىۋى سانائەت ياسىمچىلىقى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئالاقە تورى تېخنىكىسى بىلەن خىمىيەلىك رېئاكسىيە ھاسىل قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتكۈل كەسىپ زەنجىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولماقتا. بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئارقىلىق مال تونۇشتۇرۇش، تور مائارىپى، ئالاقە تورى ئارقىلىق داۋالاش، توردا ئىش بېجىرىش قاتارلىق يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىلەر يېڭى كەسىپ ئېكولوگىيەسىنى بەرپا قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى قايتىدىن بەرپا قىلماقتا.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

## جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى «پەن - تېخنىكا تونى»نى ئالدى

—— ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى ئەقلىي ئىقتىدارلىق مەيدان - ۋوگزال سۈپىتىگە كىرىش




9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، خىزمەتچى خادىملار ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يىغىلىش مەركىزىدە توشۇلىدىغان يۈكلەرنى قاچىلىماقتا.

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سەي زېخلى فوتوسى

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ②

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رايىدە

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونىنىڭ يىغىلىش مەركىزى مەيدان - ۋوگزالىدا، كۈندىلىك بۇيۇملار لىقىدە قاچىلانغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى «تولۇق جابدۇنۇپ يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلغانىدى».

«سائەت 11دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە پويىز قوزغىلىدۇ، بۇ نۆۋەتچى پويىز قازاقىستانغا قاتنايدۇ، نۆۋەتچى پويىزغا دائىر بارلىق ئۇچۇرلار ئەقلىي ئىقتىدارلىق مەيدان - ۋوگزال سۈپىسىدا كۆرسىتىلىدۇ» دېدى شىنجاڭ خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جوۋ كەي.

ئىگىلىنىشىچە، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى ئەقلىي ئىقتىدارلىق مەيدان - ۋوگزال سۈپىسى قۇرۇقلۇق پورتى

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئۇقۇش يېتەكچىسى

6 يىلدىن بۇيان، ئەتراپىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەر · بەختلىك تۇرمۇش كارتىنىلىرى ⑦

ئىشىك ئالدىدىلا داۋالىنىش دوختۇرلارغا كۆرۈنگىلى بولىدىغان بولدى

» 4 - بەتتە